ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ئاممىا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇتەخەسسىس، ئالىملار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى ــــ

# كۈچلۈك ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ئاممىا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مۇتەخەسسىس، ئالىملار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سەممىي تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەلقنى ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ئەلا بىلىش ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ قاراۋۇلخانىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق مۇداپىئە تورىنى زىچ توقۇپ، ئايرىش تېمىنى مۇستەھكەملەپ، پۇختىلاپ، كۈچلۈك ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

### ئاساسىي قاتلامنىڭ قاراۋۇلخانىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش

«باش شۇجى شى جىنپىڭ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرى ۋە شەھەر ـ يېزا مەھەللىلىرىنىڭ بىرلەشمە ھەرىكەت خىزمەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا ـ بازار شىپاخانىلىرى ۋە مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركەزلىرىنىڭ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنىڭ ئاساسىي قاتلام ئۇلىنى مۇستەھكەملەش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. بۇ، ئاساسىي قاتلامنىڭ دىياگنوز قويۇش، داۋالاش ئىقتىدارى ۋە تېببىي خادىملارنىڭ ئىقتىدارى، ساپاسىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويغانلىق.» قابا ناھىيەلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ شىن مۇنداق دېدى: «بۇ يىل، ناھىيەمىز ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللەر رايونى، تەجرىبىخانا قاتارلىق داۋالاش ئاساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، دەرىجىگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇش، داۋالاشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ناھىيە رايونى داۋالاش ئورتاق گەۋدىسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش ـ سەھىيە بايلىقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ دىياگنوز قويۇش، داۋالاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاممىنى تېخىمۇ قولايلىق، ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش مۇلازىمىتىدىن ھەقىقىي بەھرىمەن قىلدۇق».

كۆپ يىللاردىن بۇيان كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان سانجى شەھەرلىك كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لىن بىننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ باشتىن ـ ئاخىر «خەلقنى ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ئەلا بىلىش» ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرغانلىقى بولغان. «بىز شەھەردە سەھىيە نازارەتچىلىكى، كېسەلنى تىزگىنلەش، دېزىنفېكسىيەلەش، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، داۋالاش ـ قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت تۆت كەسپىي سەھىيە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش قوشۇنى قۇردۇق، ھەر بىر قوشۇندىكىلەر باشتىن ـ ئاخىر 30 كىشىدىن كەم بولمىدى. يېزا ـ بازار، كوچا شىپاخانىلىرىنى ئاساس قىلىپ 16 يېزا ـ بازار سەييارە داۋالاش ئەترىتى قۇرۇپ، كەنت ۋە مەھەللىلەرگە تەسىر كۆرسەتتۇق، تۈرتكە بولدۇق، بالدۇر سىگنال بېرىش ۋە كۆپ يوللار ئارقىلىق سىگنال بېرىش ئاساسىدا، بايقاش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ قاراۋۇلخانىلىق كۈچىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇردۇق» دېدى لىن بىن.

### ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق تەربىيەسىنى كۈچەيتىش

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، باي ناھىيەسىنىڭ چوڭكۆۋرۈك يېزىسى ياندۇما كەنتىدە، يېشى 60تىن ئاشقان ھىمىت يۇنۇس ئەر ـ خوتۇن ئائىلىلەرگە كىرگەن كادىرلار ۋە كەنت دوختۇرىنىڭ قولىدىن چىش چوتكىسى، لۆڭگە قاتارلىق كىچىك مۇكاپات بۇيۇملىرىنى ئالغاندىن كېيىن، خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بەك ئەتراپلىق ئويلىشىپتۇ، بىزنىڭ ياخشى تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىمىز ئۈچۈن، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش، ھويلا ـ ئاران ۋە ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ھەممىسىدە تازىلىق بۇيۇملىرىنى مۇكاپات قىلىپ بەردى».

«دۆلەت بويىچە پاكىز ناھىيە بازىرى» بەرپا قىلىۋاتقان باي ناھىيەسىدە، شەھەر ـ يېزا مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەش، ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئەۋجىگە چىقتى. باي ناھىيەلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ دېيەنجۈن مۇنداق دېدى: «باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۆرىشىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق خىزمىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتىپ، شەكىل، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك جەمئىيەت ساغلاملىقىنى باشقۇرۇشقا ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. بۇ بىزگە خىزمەت يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. بىز شەھەر رايونىدىكى ھەر بىر كوچىنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەشكە مەسئۇل ئورۇن بولۇش، يېزا تۇرالغۇ مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىنى ھەممە ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تېببىي خادىملار مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق جەمئىيەت ساغلاملىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرۇشنى تېزلىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي ئاشۇرىمىز».

«ھەر مىللەت ئاممىا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياش، ياشانغانلارغا ساغلاملىق تەربىيەسى ۋە ئىلمىي بولغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش خەلقنىڭ ئومۇمىي ساغلاملىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تۈپ تەدبىرى. بىز مەھەللە خىزمەتچىلىرى بۇ جەھەتتە رولىمىزنى داۋاملىق ياخشى جارى قىلدۇرىمىز.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇتەخەسسىس، ئالىملار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەندىن كېيىن، بورتالا شەھىرى چىندىبىل كوچىسى تىيانشان يولى مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى گۇڭ فاڭ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى، «ساغلاملىق تەربىيەسىنى مەھەللىنىڭ دائىملىق خىزمىتىگە سىڭدۈرۈشتە، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ساغلاملىق تەربىيەسى ـ تەشۋىقاتى، ئائىلىلەرنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى سىجىل قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەش قاتارلىق ئارقىلىق، ھەممە ئادەمگە ساغلاملىق بىلىملىرىنى بىلدۈرۈش كېرەك».

### جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش

«باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى بىز جۇڭيى تېبابىتى خادىملىرىغا زور ئىلھام بەردى، شۇنداقلا بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، بىزنىڭ ئىشەنچىمىزنى چىڭىتتى.» قومۇل شەھەرلىك جۇڭيى تېبابىتى دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى ئۈچقۇن ئىسمايىل مۇنداق دېدى: يېقىنقى بىرقانچە يىلدا، قومۇل شەھەرلىك جۇڭيى تېبابىتى دوختۇرخانىسى جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى، «بىز جۇڭيى تېبابىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇن قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك جۇڭيى تېبابىتى ئىختىساسلىقلار قوشۇنى بەرپا قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەلنى داۋالاشتىكى ئۆزگىچە ئەۋزەللىكى ۋە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى مۇلازىمەت ساھەسىنى كېڭەيتىپ، جۇڭيى تېبابىتىنىڭ دۆلەت تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش سىستېمىسىدىكى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرىمىز».

«باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈش، جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرى بىلەن غەرب تېبابىتى دورىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى بىر چوڭ ئالاھىدىلىك، شۇنداقلا جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىدە جەۋھەرگە ۋارىسلىق قىلىش، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى، دەپ كۆرسەتتى. بۇ، بىز كەڭ جۇڭيى تېبابىتى خادىملىرىنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى، بىزنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىمىزنى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتتى.» قاراقاش ناھىيەلىك ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى غەيرەت مەمەت مۇنداق دېدى: «كېيىنكى قەدەمدە جۇڭيى تېبابىتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىك بايلىقىنى يەنىمۇ قېزىپ، بىر تۈركۈم يۇقىرى سەۋىيەلىك، يۇقىرى ساپالىق جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىمىز».

**(پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز رايىدە، قاتناشقان مۇخبىرلار گې يوۋجۈن، جاڭ تىڭ، جاڭ جىلى، سۇڭ ياۋبىن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز خې داۋپېي)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر قاتارلىق نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز نىشانلىق ئوق ئېتىپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللاندى. بىر تەرەپتىن، «10مىليون ئىش ئورنىغا توردا خادىم قوبۇل قىلىش 100 كۈنلۈك مەخسۇس ھەرىكىتى» قاتارلىق بۇلۇت خادىم قوبۇل قىلىش پائالىيىتىنى سىجىل يولغا قويۇپ، توردا قوش تاللاش كېلىشىمى ئىمزالاشقا ئىلھام بەردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان خادىملارنى ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ياردەم بېرىش دائىرىسىگە ۋاقتىدا كىرگۈزۈپ، «بىرگە بىر» ئىز قوغلاپ ياردەم بېرىپ ـ يۆلەپ، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى تەمىناتى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم تولۇقلىمىسى قاتارلىقلارنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق سوممىلىق تارقىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئىگىلىك تىكلەش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش ئۈنۈمىنى ئېنىقكى ئىگە. ئاپتونوم رايونىمىز ئىگىلىك تىكلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇشنى بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش بوشلۇقىنى كېڭەيتىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى ۋە يولى قىلىپ، ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇل ئوبيېكتلىرىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، شەخسلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇل سوممىسىنى 200 مىڭ يۈەنگىچە ئۆستۈرۈپ، بېجىرىش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇشنى سىياسەت تىرەكى بىلەن تەمىنلەپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى يۇرتىغا قايتىپ، يېزىغا بېرىپ ئىگىلىك تىكلەشكە، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ئىلھاملاندۇردى.

ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا، جەزمەن بازار سۇبيېكتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ئىمكانقەدەر ياردەم بېرىش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىز ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بويىچە ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسىنى قايتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قايتۇرۇش ئۆلچىمىنى كارخانا ھەم ئۇنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئالدىنقى يىلى تاپشۇرغان ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ھەققىنىڭ 100%ىگىچە ئۆستۈردى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا بارلىق كارخانىلارغىچە كېڭەيتتى. 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگە قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىي 72 مىڭ كارخانا ئۈچۈن 790 مىليون يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتا ھەققىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، 1 مىليون 463 مىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىنى مەنپەئەتلەندۈردى.

«ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»تا، تېخىمۇ كۆپ ئەمگەكچىلەرنى ماھارەت ئۆستۈرۈش، ئوقۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىز مەبلەغ سېلىنمىسىنى زورايتىپ، كارخانا قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت سۇبيېكتلىرىنىڭ كۆپ خىل شەكىلدىكى تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇشنى سىجىل نۇقتىلىق قوللىدى، يېتەكلىدى، ھەم توردا تەربىيەلەش، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنى تەربىيەلەش، ئالىي مەكتەپ ۋە كەسپىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى ئىگىلىك تىكلەش بويىچە تەربىيەلەش قاتارلىقلارنى سىياسەت جەھەتتىن قوللاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى، نامرات ئەمگەك كۈچلىرى، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشسىزلار، مېيىپلەر قاتارلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش توپىغا قارىتا ھەقسىز تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى.

ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنىڭ كاپالەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سۇغۇرتىغا قاتناشقىنىغا بىر يىل توشقان، ئەمما ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ئېلىش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خادىملارنى كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزدى، نۆۋەتتە، 2700دىن ئارتۇق ئادەم بۇ سىياسەتتىن بەھرىمەن بولدى. ئاپتونوم رايونىمىز سۇغۇرتىغا قاتناشقان دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىشسىزلىق كاپالىتى مەسىلىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تېزلىتىۋاتىدۇ، 2020 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە، 2019 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىن سۇغۇرتىغا قاتنىشىپ بىر يىل توشمىغان ئىشسىز دېھقان ئىشلەمچىلەرگە قارىتا سۇغۇرتىغا قاتناشقان جايدىكى شەھەر تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ، ئۈچ ئايدىن ئېشىپ كەتمەيدىغان ۋاقىتلىق تۇرمۇش ياردەم پۇلىنى ئايمۇئاي تارقىتىدۇ. شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن ئوخشاش سۇغۇرتىغا قاتنىشىپ ھەق تاپشۇرغان ئىشسىز دېھقان ئىشلەمچىلەرگە سۇغۇرتىغا قاتناشقان جاينىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى پۇلى ياكى ئىشسىزلىق ياردەم پۇلى تارقىتىدۇ.

«بىز ئاپتونوم رايوننىڭ يۈكنى يېنىكلىتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشكە دائىر بىرقاتار سىياسەت تەدبىرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھازىر ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنى تىرىشىپ مۇقىملاشتۇرۇپ، يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى پائال كۆپەيتىپ، ئەمگەكچىلەرنى ئىككى قولى بىلەن تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

3 ـ يىغىننىڭ نۇقتىلىق تەكلىپ تېمىسى ۋە بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش شەكلىگە پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلۇپ، ئالتە نۇقتىلىق تەكلىپ بېكىتىلدى. يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 9 ـ قېتىملىق ئايلىق كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىشقا ئالاقىدار ئىشلار تەتقىق قىلىپ ماقۇللاندى.

نۇرلان ئابلىمەجىن مۇنداق كۆرسەتتى: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ 9 ـ قېتىملىق ئايلىق كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى «يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ‹مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش›نى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش»نى چۆرىدەپ مەخسۇس تېمىدا كېڭىشىشنى قانات يايدۇرىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە قىلغان مۇھىم سۆزلىرى ۋە مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلىپى بويىچە، يۇقىرى سۈپەتلىك چارە ـ تەدبىر نەتىجىلىرى ئارقىلىق چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتىكى يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى نامايان قىلىش كېرەك. توردا مۇھاكىمە قىلىش، يىراق مۇساپىلىك كېڭىشىشتە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش كۆچمە سۇپىسى ئارقىلىق، كېڭىشىش يىغىن مەيدانىنى تورغىچە كېڭەيتىپ، ئەزالارنىڭ قاتنىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا قولايلىق بولۇش دەرىجىسىنى كۈچەيتىپ، يىغىندا، يىغىن سىرتىدا، توردا، تور سىرتىدا ماس قەدەمدە مۇزاكىرە قىلىدىغان كەيپىيات شەكىللەندۈرۈپ، توغرا ھەم ئېنىق كۆز قاراشنى تېخىمۇ ياخشى ھاسىل قىلىش، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

نۇرلان ئابلىمەجىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تەكلىپ بېرىش سىياسىي كېڭەشنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئادا قىلىشتىكى ئەڭ كەڭ، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ ئۈنۈملۈك شەكىل، پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىلىشىش، ھەرساھە بىلەن ئالاقە باغلاش، جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە خەلق رايىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى مۇھىم يول بولۇپ، نۇقتىلىق تەكلىپلەرنى بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇش، تەكلىپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، تەكلىپلەرنى بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش شەكلىنى كېڭەيتىپ، نۇقتىلىق تەكلىپلەرنى بېجىرىش بويىچە كېڭىشىشكە يېتەكچىلىك قىلىش، جىپسىلاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق تەكلىپلەرنىڭ نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەشتىكى يېتەكچىلىك رولىنى ھەقىقىي ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئىدىيەۋى قاراشنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە كۆڭۈل قويۇپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەشنى تەكلىپ خىزمىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىرىغا سىڭدۈرۈش كېرەك. تەكلىپلەرنى بېجىرىش بويىچە كېڭىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەھەتتە كۈچەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەكلىپ خىزمىتى نىزامىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەكلىپ بەرگۈچى، بېجىرگۈچى ئىككى تەرەپنىڭ ئالاقىلىشىشى، پىكىرلىشىشىنى كۈچەيتىپ، تەكلىپلەرنى بېجىرىش بويىچە كېڭىشىش بىلەن توردا ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، يىراق مۇساپىلىك كېڭىشىشنى بىرلەشتۈرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تەكلىپ بېجىرىشكە دائىر كېڭىشىشنى تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ دائىملاشتۇرۇپ ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك. تەكلىپ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە چىن ھېسسىيات سىڭدۈرۈپ، «تۆتنى تەكشۈرۈش» ئاساسىدا تەكلىپ تۇرغۇزۇشنى كېڭىشىش تۈزۈمىنى چىڭىتىپ، ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار، بېجىرگۈچى ئورۇنلار، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشلەر بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇشنى قويۇقلاشتۇرۇپ، پارتىيە ـ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار، ئەزالارغا خىزمەتنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىشنى ۋاقتىدا ياخشى ئىشلەپ، تەكلىپ مۇلازىمەت سۈپىتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن چېڭ جېنشەن، جۈرئەت ئىمىن، ماغاۋ سېيىتقامزا، مۇتەللىپ ئوبۇل، ئىلھام سابىر، ما شيۇگچېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن باشلاش مۇراسىمغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشقا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ قانۇن بويىچە تۇپراق بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.

شەۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى كونكرېت ھەرىكەت. ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، بۇ قېتىمقى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئۇنى قەلبىمىزگە سىڭدۈرۈپ، ھەرىكىتىمىزگە ئايلاندۇرۇپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەپسىلىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؛ خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىللىقنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، قانۇننىڭ قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ «ئاشلىق»ى، «كۆك ـ تاق»ىنى ياخشى قوغداپ، خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك؛ ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ قانۇن بويىچە قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تۇپراق مۇھىتى سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، پۇقرالارنى خاتىرجەم ئىستېمال قىلدۇرىدىغان، خاتىرجەم ئولتۇراقلاشتۇرىدىغان قىلىش كېرەك.

شەۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، «تۇپراق بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش قانۇنى»نىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. قاراشنىڭ ئالدىدا مېڭىشىدا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ مۇستەھكەم تۇرغۇزۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. قانۇن ماددىلىرىنى چىڭ كۆزلەشتە چىڭ تۇرۇپ، «تۇپراق بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك باھالاش كېرەك. ياخشىلاش شەكلىدە چىڭ تۇرۇپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى نازارەت قىلىش ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، زىچ ماسلىشىپ، بۇ قېتىمقى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنىڭ پۇختا ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ياخشى ئىستىل تۇرغۇزۇپ، شەكىلۋازلىق ۋە بيۇروكراتلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتتە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ياخشى تاماملاش كېرەك.

ئاپتونوم رايون ھەم بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن دۇڭ شىنگۇاڭ، گۈلشات ئابدۇقادىر، جارۇللا ھېسامىدىن، جاڭ يۇڭ يىغىنغا قاتناشتى.